2020

# فىنلاندىيە ۋە فىنلاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار

ھېيتاخۇن مەتىمىن

ياۋروپا ئۇيغۇر نەشرىياتى

# كىرىش سۆز ئورنىدا

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن: ئۇيغۇرلار ژورنىلىنىڭ مەسئۇللىرى مەندىن فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرى ھەققىدە بىر ماقالە يېزىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان بولۇپ مەن يازغان ماقالە مەزكۇر ژورنالدا ئېلان قىلىنغان ئىدى، ئالدى كەينى بولۇپ كۆپ قېتىم تۈركىيە باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا شەرق رايونلىرىدا تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم قېرىنداشلارنىڭ فىنلاندىيەگە كېلىپ ئورۇنلىشىش ئىستىكى بىلەن مەندىن ئايرىم سوئاللارنى سورىشى مېنى بۇ ھەقتىمۇ چۈشەندۈرۈش يازمىسى يېزىشىمغا تۈرتكە بولدى،گەرچە مەن ئۇ ماقالەمنى فەيسبۇكتا ئېلان قىلغان بولسامۇ فىنلاندىيەگە مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىككى ماقالىنى يەنە بىر قىسىم رەسىم ئالبۇملىرى بىلەن قوشۇپ ئېلان قىلىش قارارىغا كەلدىم.قولىڭىزدىكى بۇ كىتابچىدا فىنلاندىيە ۋە فىنلاندىيەدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار،سىياسى ئىلتىجا ھەققىدە قىسقىچە مەلۇماتتىن سىرت يەنە يالداما سۈپىتىدە بىر قىسىم رەسىملەرمۇ كىرگۈزۈلدى.خەلقىمگە پايدىسى يېتىپ قالغۇسى.

ھۆرمەت بىلەن

ھېيتاخۇن مەمتىمىن

**2020.يىلى 12 ،ئاپرېل - خېلسىنكى**

ئالاقە:heytahun@hotmail.fi

# فىنلاندىيە ۋە فىنلاندىيە ئۇيغۇرلىرى

فىنلاندىيە شەرقى شىمالى ياۋروپاغا جايلاشقان قىش پەسلى ئۇزۇن، يېزى تولىمۇ قىسقا كىچىككىنە بىر دۆلەت، قار- يامغۇر كۆپ ياغقاچقا هاۋاسى ۋە سۈيى ساپ، ئاساسەن ھەممىلا تەرىپى ئورمان بىلەن قاپلانغان بولغاچقا ياغاچ ئېكسپورتى دۆلەتنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى ھېساپلىنىدۇ. مائارىپ ساھەسىدىكى ئۆزگىچە ئوقۇتۇش مېتودى بىلەن يوقىرى ئۈنۈم قازانغاچقا، مۇشۇ ئالاھىدىلىكى بىلەن دۇنيا ئەللىرىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ كېلىۋاتقان بىر دۆلەت. نوكىئا تېلىفۇن ماركىسىمۇ مۇشۇ دۆلەتتە مەيدانغا كەلگەن. فىنلاندىيە ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىگە 1995. يىلى 1. يانۋاردا ئەزا بولۇپ كىرگەن، ياۋروپادىكى يەر كۆلىمىگە سېلىشتۇرغاندا نوپۇسى ئەڭ ئاز دۆلەتلەرنىڭ بىرى ھېساپلىنىدۇ. قوشنىلىرى غەرپتە شۋېتسىيە، شىمالدا نورۋېگىيە، جەنۇپتا ئېستونىيە ۋە شەرقتە بولسا روسىيە.

پايتەختى خېلسىنكى، يەركۆلىمى 338440 كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 5471753(بەش مىليۇن تۆتيۈز يەتمىش بىرمىڭ يەتتيۈز ئەللىكئۈچ) ،پۇل بىرلىكى ياۋرو.

فىنلاندىيە 1155. يىلىدىن 1809. يىلغىچە قەدەر شۋېتسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدە، 1809. يىلدىن 1917. يىلغا قەدەر چارروسىيەنىڭ مۇستەملىكىسىدە قالغان بولۇپ 1917. يىلى روسىيەدىن ئايرىلىپ مۇستەقىللىقىنى جاكارلىغان. دۆلەتنىڭ رەسمى تىلى فىنچە ۋە شۋېتچە بولۇپ يولىدىكى قاتناش كۆرسەتكۈچلىرىدىن تارتىپ دۆلەتنىڭ ھەرقانداق ئورۇنلىرىدىكى ماتېرىياللاردا ئىككى تىل ئوخشاش ئىشلىتىلىدىكەن. فىنلاندىيەگە قاراشلىق ئاھۋەنەنما دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئاپتونوم رايونمۇ بار بولۇپ ئۆزىنىڭ بايرىقى بولۇشتىن باشقا يەنە ئاھالىسى ئاساسەن شۋېتلار بولغاچقا پەقەت شۋېت تىلىنىلا ئىستىمال قىلىدىكەن،

فىنلاندىيەگە 19. ئەسىردە تىجارەت ئۈچۈن كېلىپ ماكانلىشىپ قالغان تاتارلارنىڭ سانى ئاران 1000 ئەتراپىدا بولسىمۇ ئاناۋەتەن تاتارىستان بىلەن بولغان رىشتىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن، ئۇلار مائارىپقا ناھايىتى زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەچكە

ئۇلارنىڭ ئالى مەكتەپلەردە خىزمەت قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلىرى، دۆلەتنىڭ ھەرخىل ئورۇنلىرىدا ئىشلەۋاتقان ئىشچى-خىزمەتچىلىرى، ئادۋوكاتلىرى، داڭلىق كارخانىچىلىرى كۆپ ئىكەن. ئىشقىلىپ فىنلاندىيەگە ياخشى تەسىر قالدۇرۇپ كەپتۇ، ھەم ئىسلام دىنىنى ھەمدە ئانا تىلىنى ئۇنۇتماپتۇ، 1950. يىللىرىدى قۇرئان كەرىمنى تۇنجى بولۇپ بىر تاتار ئۆلىما فىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىكەن، فىنلاندىيەدىكى تۇنجى مۇسۇلمان ئۇيۇشمىسىنى، مەسچىتلەرنى تاتارلار سالدۇرغان بولۇپ ھېلىھەم خېلسىنكى، تامپەرە ۋە تۇركو قاتارلىق شەھەرلەردىكى تاتار مەسچىتلىرىدە جامائەت مەيلى چۈشەنسۇن، مەيلى چۈشەنمىسۇن تاتارچە خۇتبە ئوقۇلىدىغان بولۇپ خېلسىنكىدىكى تاتار مەسچىتىگە بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىنىڭ بۈيۈكئەلچىلىرى جۈمە ۋە ھېيت نامازلىرىنى ئادا قىلغىلى كېلىدىكەن.

مەلۇم بولۇشچە فىنلاندىيىگە تۇنجى كەلگەن ئۇيغۇر دىلبەر يۇنۇس[1] بولۇپ، ئۇ خانىم 1984-يىلى فىنلاندىيىنىڭ پايتەختى خېلسىنكى شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 1-نۆۋەتلىك مىريام خېلىن (Mirjam Helin) خەلقئارالىق ناخشا مۇسابىقىسگە قاتنىشىپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىدۇ. 1988-يىلى ئۇ فىنلاندىيە دۆلەتلىك ئوپېراسىغا يالغۇز كىشىلىك ناخشىچى بولۇشقا تەكلىپ قىلىنىدۇ. كېيىن فىنلاندىيە ھەم شۋېتسىيە دۆلەتلىك ئوپېراسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ناخشىچىسى بولۇپ پىنسىيىگە چىققان. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىر قىسىم ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دوكتورلۇق ئوقۇشىنى تاماملاپ ئۇيغۇر دىيارىغا قايتقانلارمۇ، ئۇنىۋېرسىتېتتا تەتقىقاتچى سۈپىتىدە ئىشلەپ تۇرۇپ مۇشۇ يېقىنقى يىللاردا تۇققان يوقلاش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە بارغىنىدا خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇپ قېلىنغانلارمۇ بولغان.

كېيىنچە بىردىن-ئىككىدىن ئۇيغۇرلار سىياسى پانالىق تەلەپ قىلىپ يەرلىششكە باشلىغان بولۇپ ھازىرچە تەخمىنەن چوڭ-كىچىك بولۇپ 400 ئەتراپىدا ئۇيغۇرنىڭ ياشاۋاتقانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. تىرىشچانلىقى بىلەن ھالالدىن مېھنەت قىلىپ ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلار-دوختۇر بولۇپ ئىشلەۋاتقانلار، دۇكاندارچىلىق قىلىۋاتقانلار، تاكسىچىلىق قىلىۋاتقانلار، يەسلىلەردە ئىشلەۋاتقانلار، ئامباردا خىزمەت قىلىۋاتقانلار بولۇپ ئۇيغۇرلارمۇ تاتارلارغا ئوخشاش فىن جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلىنىش يولىدا

[1] https://ug.wikipedia.org/wiki/دىلبەر_يۇنۇس

كۆنسېرى ئۆلگىرىلەۋاتىدۇ.قىسقىسى فىنلاندىيە خەلقى ۋە ھۆكۈمىتى «ئۇيغۇر» دېسە ئاساسەن خىتاينىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا ئىڭرەۋاتقان خەلق دەپ بىلىدىغان ھالغا كەلگەن.شۇڭلاشقا 2019.يىلى ياز ئايلىرىدا خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان بېسىمىنى توختىتىش ھەققىدىكى بىرلەشكەن مىللەتلەر تەشكىلاتىدا ئېلان قىلىنغان چاقىرىقتا 20 ياۋروپا دۆلىتى ئىزىملىكىدە فىنلاندىيەمۇ بار.

## فىنلاندىيەدىكى ئۇيغۇر ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى

فىنلاندىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى 2011.يىلى رەسمى ئەنگە ئېلىنغان تاپاۋەتسىز ئاممىۋى تەشكىلات بولۇپ،فىنلاندىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرىغا ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدە دوكلات سۇنۇش بىلەن بىرۋاقىتتا ، نامايىش ئۇيۇشتۇرۇش،كۆرگەزمىلەرگە قاتنىشىپ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يەرلىك خەلققە تونۇشتۇرۇش ۋە فىنلاندىيەدىكى ژورنالىستلارغا،كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرىگە ئۇيغۇر ۋەزىيىتى ھەققىدىكى ئەڭ يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنى پىدائىيلىق ئاساسىدا ئورۇنداپ كەلمەكتە.ئۇنىڭدىن باشقا فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى،ئۇيغۇرياردەم( uyghur aid) قاتارلىقلارمۇ ئۆز سىساھەسىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى قىلىپ كەلمەكتە.

## فىنلاندىيەدىكى ئۇيغۇر ئانا تىل كۇرسى

2010.يىللىرى بىرقىسىم قېرىنداشلارنىڭ ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىدە خېلسىنكى مائارىپ ئىدارىسى تەستىقلاپ، ئۇيغۇر ئانا تىل ئوقۇتقۇچىسىنىڭ سائەتلىك مائاشىنى كۆتىرىشى بىلەن باشلىغان ئۇيغۇرچە ھەپتىدە 2 سائەتلىك كۇرس ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا قايتىپ كېتىشى بىلەن توختاپ قالغان بولسىمۇ يەنە پىدائىيلىق ئاساسىدىكى بىرنەچچە ئۇيغۇر تىل ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئۆيىدە داۋاملاشتۇرغان ئۇيغۇرچە ئاناتىل دەرسلىرى  ۋاقىتلىق توختاپ قالغان ئىدى.

كېيىنچە فىنلاندىيە ئۇيغۇر مەدەنىيەت جەمئىيىتى مەسئۇللىرى ۋە پىدائىيلارنىڭ يول مېڭىشى بىلەن 2019.يىلى خېلسىنكى مائارىپ ئىدارىسى ھەپتىدە 2 سائەتلىك ئۇيغۇر ئاناتىل كۇرسىنىڭ ئوقۇتقۇچى مائاشىنى تەستىقلىغان بولۇپ،خېلسىنكى  ئەتراپىدىكى بىرقىسىم ئۇيغۇر پەرزەنتلىرى كەسپى ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىر ھەمشىرىمىزنىڭ دەرس ئۆتۈشىدە ئۇيغۇر تىلى دەرسى ھېلىھەم داۋام قىلماقتا.

ئەسلىدە فىنلاندىيەنىڭ قانۇنى بويىچە بىر مەكتەپتە ئەڭ ئاز 3 چەتئەللىك ئوقۇغۇچى بولۇپ،ئەگەر ئۇلار تەلەپ قىلسا ۋە مەزكۇر چەتئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسىمۇ تېپىلسا،ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئانا تىلىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ھەپتىدە ئەڭ ئاز ئىككى سائەتلىك كۇرس ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىلىدىكەن،قانداق دىنغا ئېتىقات قىلىدىغان ئوقۇغۇچى بولۇشىدىن قەتئىنەزەر ئەگەر ئۆزى خالىسا،ھەپتىدە ئىككى سائەتلىك ئۆزى ئېتىقات قىلىدىغان دىنىنىڭ كەسپى ئوقۇتقۇچىسىدىن دەرس ئېلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىكەن.

## فىنچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت




2010.يىلى ئابلىز ئايۇپ ئىسىملىك بىر زىيالى تەرىپىدىن فىنچە ـ ئۇيغۇرچە ئوتتۇرا ھەجىملىك بىر لۇغەت تۈزۈلگەن بولۇپ 10،000 غا يېقىن سۆزلۈك ۋە سۆز بىرىكمىلىرى ،فىن تىلى گىرامماتىكا قائىدىلىرى ۋە 900 گە يېقىن كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان قېلىپلاشقان جۈملىلەر كىرگۈزۈلگەن.مەزكۇر لۇغەت خېلسىنكىدىكى بىر چوڭ كىتاپ سېتىش ماەزىنىدا سېتىشقا قويۇلۇشتىن باشقا يەنە دۆلەتنىڭ خېلمېت كىتاپخانىلىرىغا ۋە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى ئۇيغۇرچە كىتاپلار بۆلۈمىگە قويۇلغان.

فىنلاندىيە تەۋەسىدە مەيلى ئولتۇرۇم رۇخستى بولسۇن مەيلى كامپلارداجاۋاپ ساقلاۋاتقان كىشى بولسۇن خېلمېت كۇتۇپخانىسى تور ئامبىرىغا تىزىملانغان كىتاپلارنى ئارىيەت ئېلىپ ھەقسىز رەۋىشتە بىر ئايغىچە پايدىلىنالايدۇ،ئەگەر ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەرنىڭ خېلمېت كۇتۇپخانىسىدا تېپىلمىسا،كۇتۇپخانىغا ئىلتىماس سۇنغان تەقدىردە 2 ھەپتە ئىچىدە ئۆزى تۇرۇشلۇق مەھەللىدىكى مەزكۇر كۇتۇپخانىغا ھەقسىز ئەۋەتىلىدۇ.ئۇندىن باشقا يەنە خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇرچە كونا يېزىق،ئۇيغۇرچە سلاۋيان يېزىقلىرىدا يېزىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇرچە كىتاپلار قويۇلغان بولۇپ، مېنىڭ تەكشۈرۈشۈمچە 1982،يىلدىن تارتىپ قويۇلۇشقا باشلىغان ئىكەن.ھەتتا بىر مەزگىل شەرقى تۈركىستاندا نەشر قىلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە ژورناللارمۇ كەلگەن ئىكەن.

2010 .يىلى ۋەتەندىن كېلىپ خېلسىنكى ئۇنىۋېرسىتېتىدا "ئۇيغۇر تىلىنىڭ لوپنۇر دېئالېكتى" ناملىق دېسسېرتاتسىيىسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان دوكتور ئىسمائىلجاننىڭ مەزكۇر دىسسېرتاتسىيەسىنىڭ رەقەملىك بېسىلغان نۇسخىسى خېلسىنكى ئۇنىۋېرستېتى كۇتۇپخانىسىنىڭ ئۇيغۇرچە كىتاپلار بۆلۈمىدىن ئورۇن ئالغان.

## فىنلاندىيەدىكى ياش سىياسەتچى پەزىلەت ئىسمائىل



شەرقى تۈركىستاننىڭ ئاتۇشتا تۇغۇلۇپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن 7 يېشىدا فىنلاندىيەگە كەلگەن ياش سىياسەتچى پەزىلەت ئىسمائىل تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاقان ۋاختىدىلا فىنچە نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تونۇلۇشقا باشلىغان بولۇپ،تېخى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزمەي تۇرۇپ باشقا يەرلىك فىن دوستلىرى بىلەن بىللە «فېمىنىست پارتىيىسى»نى قۇرۇپ چىققان،مەزكۇر پارتىيە تېخى پارلامېنتقا كىرگۈدەك ئاۋازغا ئېرىشەلمىگەن بولسىمۇ،يەرلىك سايلامغا قاتناشقاندا پەزىلەت ئىسمائىل، پارتىيىسى بويىچە ئاۋازغا ئېرىشىشتە 2 .ئورۇننى ئالغان.پەزىلەت ئىسمائىل مىللى ۋە دىنى كىملىكىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ زور تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە فىنلاندىيەدەك مۇسۇلمانلار تولىمۇ ئاز بىر مەملىكەتتە مىللى ئىپتىخار تۇيغۇسى كۈچلۈك،كەلگۈسىدە ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن يارامىلىق ئىشلارغا بەل باغلاۋاتقان بىر ئەۋلات بولۇپ يېتىشكەن.ئۇ قانۇن پاكولتېتىغا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلماقتا ئىكەن.

# شەرقى تۈركىستانغا بارغان فىن دۆلەت رەئىسى ماننېرخېئىم

## (مەمەت رېھىم)



مارشال كارل گۇستاف ئېمىل ماننېرخېئىم فىنلاندىيەنىڭ رۇسلاردىن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان بولۇپ، ئۇ 1867.يىلى 6.ئاينىڭ 4.كۈنى دۇنيا كەلگەن، 1951.يىلى 1.ئاينىڭ 27.كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئەينى چاغدا فىنلاندىيە چارروسىيەگە قاراشلىق بىر ئاپتونوم رايون بولۇپ ئۇ 1889.يىلى چارروسىيە ئارمىيىسىدە ئوفىتسىر بولۇپ ۋەزىپەئۆتەشكە باشلىغان، كېيىن روس ـ ياپون ئۇرۇشىدا گېنراللىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن[2] .

1906 ـ 1908.يىللىرى چارروسىيە ھەربى باش شتابى ماننېرھېئىمنى غەربى تۈركىستان، شەرقى تۈركىستاننى تەكشۈرۈپ بېيجىڭغا قەدەر بېرىپ ئىستىخبارات توپلاش ئۈچۈن ئەۋەتكەن، 2 يىللىق ئاتلىق سەپىرى جەريانىدا ئۇيغۇرلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان، چارروسىيەگە سۇنغان ئىستىخبارات قىممىتىگە ئىگە دوكلاتىنىڭ مەزمۇنى تا ھازىرغا قەدەر سىر پېتى ساقلانغان بولسىمۇ ،ئاشكارىلانغان 174 بەتلىك ھەربى ئىستىخبارات دوكلاتى فىن تىلىدا « KIINAAN TIEDUSTELURAPORTTI C.G.MANNERHEIM MATKA 1906 ـ 1908 »نامىدا نەشر قىلىنغان. 1917.يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ئاناۋەتنى فىنلاندىيەگە قايتىپ كەلگەن، 1918.يىلى فىنلاندىيە ئارمىيىسىنى تەشكىللەپ رۇسلارغا قارشى مۇستەقىللىق ئۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلغان ۋە 4 ئايلىق جاپالىق ئۇرۇشتىن كېيىن رۇسلارنى يېڭىپ فىنلاندىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرگەن. كېيىن 1932.يىلى

---

[2] https://fi.wikipedia.org/wiki/Carl_Gustaf_Emil_Mannerheim.

پارتلغان فن ـ رۇس ئۇرۇشدا 72 ياشقا كرىپ قالغان بولسمۇ فن ئارمىيەسنى باشقۇرۇپ رۇسلارنى يەڭگەن.[3]

**1889**.يلى 2.دۇنيا ئۇرۇشدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى فنلاندىيەنى قوغداشتا مۇھىم خزمەت كۆرسەتكەن بولۇپ ئۇ**1944** .يلدىن **1946**.يلغىچە جۇمھۇر رەئىسلك ۋەزپىسنى ئۆتىگەن.ھېلىھەم خېلسنكدا مانىرخېئىم مۇزىيى بولۇپ شەرقى تۈركستانغا ۋە ختايغا بارغاندا ئېلىپ كەلگەن خاترە بويۇملىرى كۆرگەزمگە قويۇلغان.

## ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى فنچە كتاپ



فنلاندىيەلىك ماركۇس نۇمى ئىسىملىك بىر يازغۇچى بۇندىن ئون نەچچە يىللار بۇرۇن شەرقى تۈركستاننىڭ قەشقەر،ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىگە بېرىپ ساياھەتتە بولغان بولۇپ،ئۇ شەرقى تۈركستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن فنلاندىيە شەرقى تۈركستان جەمئىيتى رەئىسى ئوبۇلقاسىم ئەپەندىم بىلەن نۇرغۇن قېتىم سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ « **kinalainen ptarha** ختاينىڭ باغچىسى» ناملىق بىر كتاپ يازغان ئىكەن،ئۇ كتاۋىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيتىنى تونۇشتۇرۇپلا قالماي ھەتتا **1933** ـ **1944**،يىللىرى قۇرغان مۇستەقىل دۆلتىنىمۇ تونۇشتۇرۇپ كتاپنىڭ كۆپلىگەن جايلىرىدا تۈركستان دېگەن تارىخى نامنى ئۆز پېتى قوللانغان.

يەنە شەرقى تۈركستاندىكى ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى يېقىندىن بىلىدىغان مەلۇم بىرفىن يازغۇچى بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنى تېما قىلىپ بىر رومان يازماقتا ئىكەن.

---

## فنلاندىيەگە كېلىپ ئىلتىجا قىلىش ھەققىدە

كېيىنكى بىرقانچە يىلدىن بۇيان فنلاندىيەگە كېلىپ يەرلىشىش ئۈچۈن مەندىن مەسلىھەت سورايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى، مەن قويمىچىلارغا ئارتۇقچە پۇل بەرگەنلەرنى، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ۋىزىسى بىلەن فنلاندىيەگە كېلىپ نەچچە ئاي تۇرغاندىن كېيىن مەزكۇر دۆلەتكە قايتۇرۇۋېتىلىش ئەھۋاللىرى تۈپەيلى ئاۋارىچىلىقلارغا ئۇچرىغانلارنى چىقىش قىلىپ بۇ يازمىنى يېزىپ ئولتۇرۇپتىمەن.
فنلاندىيە شىمالى ياۋروپادىكى نوپۇسى 5 يېرىم مىليونلۇق كىچىككىنە بىر دۆلەت بولۇپ، قىش ئۇزۇن ،ياز تولىمۇ قىسقا بولىدىكەن. شىمالى قۇتۇپقا يېقىن بەزى رايونلىرىدا قىشتا نەچچە ئايلاپ كۈندۈز بولمايدىغان، يازدا نەچچە ئايغىچە كېچە بولمايدىغان ئۆزگىچىلىكى بىلەن ھاۋا سوغۇق ئىكەن. كۆچمەنلەر نىسبەتەن ئاز، جۈملىدىن بۇ دۆلەتكە ئىلتىجا يولى بىلەن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ سانىمۇ مېنىڭ ئېنىقلىشىمچە 400 دىن ئاشمايدۇ.
س:فنلاندىيە دۆلىتى ئۇيغۇرلارغا قانداق قارايدۇ؟
ج:فنلاندىيە دۆلىتى ئۇيغۇرلارنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ، فنلاندىيە مۇستەقىل بولغاندا تۇنجى پىرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مانىنېرھېيمىنىڭ چاررۇسىيە نامىدىن قەشقەرگە بارغانلىقى سەۋەپلىكمۇ ئىشقىلىپ فىنلار ئۇيغۇر رايۇننى ئاساسەن بىلىدىكەن. بولۇپمۇ گۇئانتانومودىكى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى خەلقارادا قىزىق نوقتىغا ئايلانغان كۈنلەردە"گۇئانتانومودىكى ئۇيغۇرلارنى ئالامدۇق، ئالمامدۇق؟ تېمىسى چوڭ تېلىۋىزورلاردا تالاش تارتىش قىلىنغان ئىكەن، 2009. يىلى 5. تۇمۇزدا مەيدانغا كەلگەن ئۈرۈمچى ئىرقى قىرغىنچىلىقى فىن تاراتقۇلىرىدا كۆپ قېتىم چاقماق خەۋەر سۈپىتىدە قۇپ قېتىم بېرىلگەن بولۇپ، ھېلىھەم دېگۈدەك شەرقى تۈركىستاندىكى خىتاينىڭ جازا لاگىر مەسىلىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى پات-پات فىن تاراتقۇلىرىدا ئورۇن ئېلىپ تۇرىدۇ.

س:فنلاندىيە ئۇيغۇرلارنى ئاسان قوبۇل قىلامدۇ؟

ج:فنلاندىيە غەرپتىكى كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە ئەڭ يوقۇرى دەرىجىدە قوغدىلىدىغان، دىنى ئەركىنلىك قانۇن بويىچە كاپالەتكە ئىگە، ئاياللار ۋە باللارھەق-ھوقۇقى يوقۇرى دەپ قارالغان دۆلەت بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەرىيلى ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن 5000 غا يېقىن چەتئەللىكنى قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇيغۇرلارغا ئالاھىدە قانۇن بولمىسىمۇ، ھازىرغا قەدەر ئىلتىجا قىلغان ھېچقانداق بىر ئۇيغۇرنى خىتايغا قايتۇرغىنى ياكى رەت قىلغىنى كۆرۈلۈپ باقمىدى. ۋەھالەنكى باشقا دۆلەتلەردىن ئىلتىجا قىلىپ

كەلگەنلەرنىڭ كۆپ ساندىكىسى رەت جاۋابى ئېلىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلماقتا ياكى چىقىپ كېتىش خېتى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مۆكۈنۈپ ياشىماقتا ئىكەن .

## ئۇيغۇرلار ئىلتىجا قىلمەن دېسە قانداق كېلەلەيدۇ؟

1.فىنلاندىيە ئەلچىخانىسىنىڭ ۋىزا بۆلۈمىگە ئىلتىماس سۇنۇپ،ۋىزا ئېلىپ كېلىپ فىنلاندىيەگە ئاياق باسقاندا ساقچىغا ئۆزىنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئىلتىجا تەلەپ قىلىش. ۋىزا ئېلىش ئەلۋەتتە ئاسان ئەمەس،بانكىدا خېلى كۆپ پۇلىڭىز،مۇقىم خىزمىتىڭىز ياكى شىركىتىڭىز بولۇشى كېرەك .

2.سىز ياشاۋاتقان دۆلەتتىن فىنلاندىيەدە توختاپ ماڭىدىغان ئىككىنچى بىر دۆلەتكە ئۇچۇپ،فىنلاندىيەدە توختىغاندا ئايرىدورومدا ساقچىغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرۇش ئارقىلىق ئىلتىجا تەلەپ قىلىش .

3.يول روسىيە چېگرىسىدىن خۇددى مېكسىكىلىقلار ئامېرىكىغا كىرىۋالغاندەك تامدىن ئاتلاپ ئۆتۈش ياكى قاچاقلارغا مۇراجەت قىلىش بولۇپ بۇ يول ناھايىتىمۇ خەتەرلىك ۋە قانۇنغا ئېغىر خىلاپ بولغاچقا ،ئۇيغۇرلار بۇنداق يولنى تاللىمىغىنى ياخشى .

## س:جاۋاپ قانچىلىك ۋاقىتتا چىقىشى مۇمكىن؟

ج:بۇ ھەركىمنىڭ ئىندىۋىدۇئال قىسسىسىگە باغلىق ئىش بولۇپ،3 ئايدىن 2 يىلغىچە ۋاقىت ئىچىدە بىر تەرەپ بولىدۇ .

مەن فىنلاندىيەگە ئاياق بارسام،جاۋابىم چىقىپ بولغۇچە ياكى بىرەر ئىشقا ئورۇنلۇشۇپ بولغۇچە نەدە تۇرۇپ،قانداق جان باقىمەن؟

سىز ساقچىغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرغان ۋاقىتتىن كېيىن بىرنەچچە سائەت ئىچىدە سىزنى ۋاقىتلىق تۇرۇش ئورنى بولغان،ئۈچ ۋاق تامىقى،سۇيى ۋە مۇنچىسى بولغان ياتاقخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئۇ يەر يېڭى كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇش ئورنى بولۇپ،سىز سىرتلارغا خالىغانچە چىقالايسىز،كۇتۇپخانىغا بېرىپ ئۆگۈنۈش قىلالايسىز،فىنچە كۇرسقا قاتنىشىپ تىل ئۆگۈنۈشنى باشلىيالايسىز،مەسچىتلەرگە بېرىپ ناماز ئۆتىيەلەيسىز،ئەگەر يانچۇقتا پۇل تۈگىگەن بولسا ھەتتا ئايدا سىزگە بىرنەچچە يۈز ياۋرو ياردەم پۇلمۇ بېرىدۇ .

## ئۇيغۇر تىلىدىن باشقا تىل بىلمەيمەن،قانداق قىلارمەن؟

ئەنسىرىمەڭ،فىنچە ـ ئۇيغۇرچە،فىنچە ـ خىتايچە تەرجىمانلارنى فىن ھۆكۈمىتى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

## ئىلتىجا قىلغاندا نېمە دەيمەن؟

سىز ساقچىغا ئۆزىڭىزنى تاپشۇرغاندا ئەلۋەتتە مەن ئۇيغۇر،شەرقى تۈركىستاندا خىتاي مۇنداق مۇنداق ئەسكىلىكلەرنى قىلىۋاتىدۇ....مەن قاچتىم ۋە سىلەرنىڭ ھىمايەڭلارغا مۇھتاجمەن دەيسىز،لېكىن كونكرت ھالدا سەن ئەگەر خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىلسەڭ،بېشىڭغا نېمە كۈنلەر كېلىشى مۇمكىن دېگەن سوئالغا مەنتىقلىق ئىخچام جاۋابىڭىز بولۇشى كېرەك. سىزدىن تۇغۇلغان ۋاقتىتىن ھازىرغا قەدەر نېمە ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندىڭ،قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇدۇڭ؟دېگەندەك سۇئاللار تەپسىلى سوراپ ئارخىپلاشتۇرۇلىدۇ.(رەت جاۋابى ياكى ئۇزۇنداراق جاۋاپ ئالاي دېسىڭىز سۈرىيەگە ياكى ئوتتۇرا شەرقنىڭ پۇستانى دۆلىتىگە بېرىپ كەلگەن ئىدىم دەڭ،چاخچاق)

## سىز فىنلاندىيەنىڭ ئولتۇرۇمنى ئالغاندىن كېيىن،قانداق ئىمكانىيەتلەرگە ئېرىشىسىز؟

سىز تىل ۋە بىرەر كەسىنى ئۆگىنىپ بولغىچە دۆلەت سىزنىڭ ئۆي ئىجارە ۋە ئوقۇش چىقىمىڭىزنى كۆتۈرىدۇ،ئىشسىزلىق كاپالەت پۇلى بېرىدۇ.باشقا دۆلەتتىكى ئائىلىڭىزنىڭ قولىدا ئىناۋەتلىك بىرەر دۆلەتنىڭ پاسپورتى بولسا،ئەكىلىپ بېرىدۇ .

ئەگەر باشقا بىر شەنگەن دۆلىتىنىڭ ۋىزىسىنى ئېلىپ،فىنلاندىيەدە ئىلتىجا قىلسام بولامدۇ؟

مەلۇم مۇددەتتىن كېيىن گەرچە سىز يالغانلىقىنى يوشۇرۇپ پاسپورتنى كۆرسەتمىگەن تەقدىردىمۇ،قايسى دۆلەتنىڭ ۋىزىسى بىلەن كەلگەن بولسىڭىز،شۇ دۆلەتكە قايتۇرۇۋېتىدۇ ۋە شۇ دۆلەتتە ئىلتىجا قىلسىڭىز بولىدۇ .

ياۋروپانىڭ مەلۇم بىر دۆلىتىگە ئىلتىجا قىلىپ بولۇپ،ئىچىم سىقىلىپ فىنلاندىيە گە كېلىۋالسام بولامدۇ؟ ئىلتىجا قىلالارمەن؟
ياق سىز شەنگەن دۆلىتىدىن تۇنجى بولۇپ قايسى دۆلەتكە ئىلتىجا قىلغان بولسىڭىز،بارماق ئىزىڭىز سەۋەپلىك ئەشۇ دۆلەتكە قايتۇرۇلىسىز. بۇ بىرمۇنچە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى .
فىنلاندىيە ۋىزىسىنى ئېلىشتا بىرەر كىمنىڭ ياردىمى ياكى ئارقا ئىشىك ئۆتەمدۇ؟
ياق،فىنلاندىيە دۇنيادا پارىخورلۇق ئەڭ يوق دىيەرلىك دۆلەت بولۇپ،مەيلى ۋىزا ئىشى

مەيلى باشقا ئىقامەت، ۋىزا، ۋەتەنداشلىق، ئەدلىيە ئىشلىرى بولسۇن، قانۇندا نىمە دەپ كۆرسىتىلگەن بولسا، شۇ بويىچە گويا سائەتنىڭ ئىسترولكىسىدەك ئىشلەيدۇ.

ئەسكەرتىش: هازىرغا قەدەر فىنلاندىيەنىڭ نورمال ۋىزىسىنى قويدۇرۇپ كېلىپ ئىلتىجا بىلەن ئوتتۇرۇم ئالغان، ئاقتارمىلىق(تۈركچە دەۋىتەي)يول بىلەن كېلىپ يېشىل كارت ئالغانلار بار. تۈركىيە پاسپورتى، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان پاسپورتى بىلەن ئىلتىجا قىلىش كويىدا بولماڭلار، رەت جاۋابىغا ئېرىشىپ بىرمۇنچە ئىقتىسادى ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقىغا ئۇچرايسىلەر.

# قىستۇرما رەسىملەر ئالبۇمى




فىنلاندىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان 2018.يىلىدىكى 5.تومۇز
نامايىشىدىن بىر كۆرۈنۈش



فىنلاندىيە شەرقى تۈركىستان جەمئىيىتى ئورۇنلاشتۇرغان 2019.يىلىدىكى 5.تومۇز
نامايىشىدىن بىر كۆرۈنۈش






د.ر ئەركىن سىدىق ئەپەندىم 2016.يىلى 9.ئاينىڭ 12.كۈنى  ياۋرۇپا ساياھىتى جەريانىدا خېلسىنكىدىكى بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇچراشقان كۆرۈنۈش.



ئۇيغۇر ئالىمى دىر.ئەركىن سىدىق ئەپەندىم ۋە ئۆمەر ئەپەندىم 2018.يىلى فىنلاندىيەدىكى
ئۇيغۇرلارغا لېكسىيە سۆزلەپ بولۇپ قايتىش ھارپىسىدا( خېلسىنكى ئايرۇدورۇم.


27/12/2012 05:00 PM


27/12/2012 04:42 PM







مەرھۇم ئابلىكىم مەخسۇمھاجىم،ئابلەتھاجىم ئۈچقۇن ۋە ئابلەت ئابدىراخمان قاتارلىق مائارىپ جەمئىيىتى مەسئۇللىرى،شۋىتسىيە مائارىپ جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى ئابدۇللا كۆيار،خېلسىنكى تاتار مەسچىدىنىڭ ئىمامى رامىل ئەپەندى ۋە خېلسىنكى تۈرك دىيانەت جەمەسىنىڭ ئىمامى ئادەم ئۈنسال ئەپەندىملەر،شۇنداقلا بىرقىسىم مېھمانلار  خېلسىنكىدىكى ئۇيغۇر ئۆيى ئېچىلىشىغا ئىشتىراك قىلماقتا[4].

(2012 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ  ـ كۈنى)

---

[4] .ھېيتاخۇن مەمتىمىن فوتوسى،






شەرقى تۈركستان تەشكىلاتلار بىرلىكى مەسئۇلى ھىدايىتۇللا ئوغۇزخان خېلسىنكىدىكى
ئۇيغۇر جامائىتى بىلەن ئۇچرىشىشتىن بىر كۆرۈنۈش.2019.12.ئاينىڭ 22.كۈنى